ئىمىن تۇرسۇن

# بالدۇرقىغا ئوخشىماس

شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

ئەھمەد تۇرسۇن

# بالدۇر قاغا ئۇخشىماس

(شېئىرلار)



شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

责任编辑：阿布力孜·克尤木
阿布里克木·艾山
责任校对：依巴达提·亚森
封面设计：阿里甫·夏

**与往不同**（维吾尔文）
（诗歌集）
**伊敏·吐尔逊** 著

新 疆 青 少 年 出 版 社 出 版
（乌鲁木齐市胜利路100号 邮编：830001）
新 疆 新 华 书 店 发 行
乌鲁木齐市翼百丰印务有限责任公司印刷
850×1168毫米 32开本 4.625 印张
2005年11月第1版 2005年11月第1次印刷
印数：1—2000

ISBN7－5371－5285－3 定价：8.00元
如有印刷装订问题请直接同出版社调换

مەسئۇل مۇھەررىرلىرى: ئابلىز قېيۇم
ئابلىكىم ھەسەن
مەسئۇل كوررېكتورى: ئىبادەت ياسىن
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: غالىب شاھ

# بالدۇرقىغا ئوخشىماس

(شېئىرلار)

ئاپتورى: ئىمىن تۇرسۇن

*

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 100 - قورۇ، پ: 830001)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك يېڭىيېڭى باسما چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىدە بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1168×850مم، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 4.625
2005 - يىل 11 - ئاي 1 - نەشرى
2005 - يىل 11 - ئاي 1 - بېسىلىشى
ISBN7 — 5371 — 5285 — 3
سانى: 1—2000
باھاسى: 8.00 يۈەن

بېسىلىشتا، تۈپلەشتە خاتالىق بولسا نەشرىياتىمىزغا ئەۋەتىڭ، تېگىشىپ بېرىمىز

# قەدىردان ئوقۇرمەنگە

ئەسسالامۇئەلەيكۇم!

قولىڭىزدىكى بۇ گۈلدەستىگە ئالدىنقى ئەسىرىمىزنىڭ
90 - ئۆددىدە ۋە يېڭى ئەسىر كىرگەندە يېزىلغان بىر بۆلۈك
شېئىرلىرىم جەملەنگەن. دەرۋەقە، شېئىرىيەت مىزانىغا سېلىنـ
سا، جىڭغا ئولتۇرمايدىغانلىرى تولا. ئەمما، شېئىر —
ھېس - تۇيغۇلاردىن تۇغۇلغان تەپەككۇر مېۋىلىرىدۇر. ئۇنىڭغا
ھېسسىي خاسلىق سىڭگەن. شۇڭا بۇ يازمىلىرىمنى ئۆزۈمچە
شېئىر ھېسابلاپ ئوقۇرمەنلەرگە قايتا سۇنغۇم كەلدى. ئوقۇشنى
لايىق كۆرگەنلەر ئوقۇپ بېقىپ، بىرەر چۈشەنچە ھاسىل قىلالىـ
سا، مەن بىلەن بىرەر ئورتاق ھېسسىياتقا ئىگە بوپتۇ، دەپ
سۆيۈنىمەن.

ھەر زاماننىڭ ئەدەبىياتىغا قويۇلغان ئۆلچەملىرى بولىدىغانـ
لىقى ئوقۇرمەنلەرگە ئايان. زامان ئەھلى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ قەلەمـ
كەشلىرى بىلىپ تۇرۇپ ئەنە شۇ ئۆلچەمدىن چەتنەپ كېتەلمەيـ
دۇ. زاماننىڭ رېئاللىقى ئەينەن تەسۋۋۇر ئەينىكىدە كۆرسىتىلـ
سە، ئۇ ناتۇرالىستىك تەسۋىر بولىدۇ؛ ئىقبال - ئىستـ
تەك خاھىشى بىلەن يۈكسەلدۈرۈلسە، ئۇ رومانتىكىلىق سۈـ
رەت بولىدۇ. ھەرقانداق شائىرنىڭ قەلىمى بۇ ئىككى جەھەتتىن
خالىي بولالمايدۇ. ئەمما، شۇ نەرسە مۇھىمكى، ئەدىب ئۆز
خەلقىنى ئۆزگىگە تونۇتۇش ئۈچۈن يازىدۇ؛ خەلقنى ئۆزگىگە
تونۇتۇش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن، ئۆزى ئوبدان تونۇمىقى شەرت.
بەزىلىرىمىز خەلقىمىزنى شەكلەن تونۇيمىز، قەلبەن تونۇپ يېـ
تەلمەيمىز - دە، يۈزەكى ھادىسىلەرنى ماھىيەتلىك پاكىت قىلىپ



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

قويمىز. مەيلى ھادىسىلەرنى ساتىرا ئوقىغا تۇتۇپ جازالايلى، ياكى مۇبالىغە لۇغىتى بىلەن ماختايلى، بۇنىڭ بىرى، ئاچچىق سۆز بىلەن كايىش؛ يەنە بىرى، تاتلىق گەپ بىلەن بەزلەش. ئىككىلىسىدىن مەقسەت — ھادىسىلەرنىڭ تۇگۇننى تېپىش ۋە ئۇنى يېشىشكە ئىنتىلىشتىن، بۇنىڭ بىلەن ئىقبالنى كۆزلەش ۋە سۆزلەشتىن ئىبارەت.

شېئىرىيىتىمىزدە ھازىر ئىلگىرىلەش ۋە يۈكسىلىش بار. شېئىرىيەت سېپى، بالدۇر چىققان قولاقتىن كېيىن چىققان مۈڭگۈز ئېشىپ چۇشۇش قانۇنىيىتى بويىچە، ئىقتىدارلىق، ھو- سۇللۇق ياش شائىرلار بىلەن ئۇلغىيىۋاتىدۇ. بىر مىللەتتە شائىر قانچە كۆپ بولسا، ئۇ مىللەت شۇنچە ھېسسىياتچان، تەرەققىيات مۇساپىسىدە ئۈمىدۋار، تىل - پاساھەت سورۇنىدا سەنئەتكار بولىدۇ.

دەرۋەقە، خامانىنى تەمسىل قىلساق، خامانغا توشۇلغىنى «ئەنجۇ» ئىكەن، چەش ھالىتىگە كەلگۈچە، ئۇ پاخالدىن خالاس بولمايدۇ. شۇڭا، پاخالدىن قېچىپ، چەشتىن ۋاز كېچەلمەيمىز. بەربىر يانجىلىپ - سورۇلۇپ، «ئۈنچە»لىرى ئايرىلىپ چىقى- دۇ. خەلقىمىزنىڭ كۈتىدىغىنى ئەنە شۇنداق «ئۈنچە». كۆپلى- گەن شائىرلىرىمىز شۇنىڭ ئۈچۈن يۈرەك قانلىرىنى سەرپ قىلى- ۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەجرى بىكارغا كەتمەي، ئەقلى زاكاۋىتى، مۇھەببىتى، قۇدرىتىدىن خەلقىمىز كۈتكەن «ئۈنچە» دۆۋىلىنى- ۋېرىدۇ. ھەقىقىي ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ «خامىنى» ھاسىل بولىدۇ. بۇ — ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بارلىقى ۋە بايلىقىنىڭ بىر سىمۋولى. مەنمۇ شۇ خامانغا بىرەر باغ «ئەنجۇ» قوشتۇم. پاخى- لىدىن ئايرىلسا، بىرقانچە دانە «ئۈنچە» چىقىپ قالار، دېگەن ئۈمىدتە ۋە بەختىيارلىق تۇيغۇسىدا بولۇرمەن.

تەشەككۈرلىرىم بىلەن:

**ئىمىن تۇرسۇن**

# مۇندەرىجە

## نورۇزنامىلەر


تەگرىتاغ ........................................ 3
ھېيتلىق ........................................ 4
ئەسسالام قۇتلۇق ئايەم ........................ 5
بالدۇرقىغا ئوخشىماس ........................ 6
بۇ يىل نورۇز ئۆزگىچە ........................ 8
كۆن توغدى ........................................ 9
نورۇز خىياللىرى ................................ 10
قۇتلۇق ھېيت ........................................ 13
ياخشى ئىستەك ........................................ 14
نورۇز تەمسىللىرى ................................ 15
باھارىم كەلدى — نىگارىم كەلگەي ................ 18
نورۇزلۇق ئۇگۇت ................................ 20
نورۇزلۇق تاقشۇت ................................ 24


## مەدھىيىلەر


ئەزىز پارتىيەم ................................ 31
بۇگۇن بايرام ئۆزگىچە ........................ 32
ئامانىساخان ........................................ 34
ئەقىدە بىلەن قەسىدە ........................ 35
خۇش مۇبارەك ........................................ 39
شانلىق نامىڭ ياشايدۇ ........................ 43

كاشغەر ئوغلى مەھمۇد ........................ 45
مۇقام مەلىكىسى ئەل قەلبىدە ........................ 47
نەدە ئۆتتى ياشلىقىمىڭ ........................ 48
كۆل تېكىندۇر گۈل - ئېكىن ........................ 50
شائىر بولدۇلۇڭ ........................ 52
مەشئەل ئابىدىسى ........................ 53
مۇقام غۇنچىلىرى ........................ 55
يارانغىل يارانىڭغا ........................ 56
ئۆچمەس ئۆمۈر ئىزلىرى ........................ 58
جۇپ ئايغا مەدھىيە ........................ 60
«تارىم» ........................ 62
تەكلىماكان ........................ 63
ھارمىغايلا ........................ 64
كۆيۈڭدىن جاھان كۆلگەي ........................ 65
چىمەن قەسىدىسى ........................ 66
ئەزىزانە قەشقەر ........................ 68

## ئىستەكلەر

يەتتە شېئىر ........................ 73
بىر جۇپ شېئىر ........................ 86
قوشماق غەزەل ........................ 89
ياشنالڭ ھامان چوكانلار ........................ 91
مۇئەللىمنى ئۇلۇغلا ........................ 92
ئۈچ شېئىر ........................ 94
نەفىسىي تىلىدىن غەزەللەر ........................ 97
«رۇبائىي» دەپ يازسام... ........................ 99
سۇخەنچى ........................ 102

قىرغاقتىكى دوستۇمغا ........ 104
قانداشىمىز — قولداشىمىز ........ 105
ئەتىمىز پارلاق ........ 107
تېكەسچىلەر ئامان بول ........ 110
ھېچ ئاداۋەت بولمىسا ........ 113
بارىكاللا خەتتات ........ 115
ياشاڭ ياشلار ........ 117
ياشا ھېسام ........ 120
ئادەم بولغىن ئۇيغۇرۇم ........ 122
يىراق يۇر ........ 124

## مەرسىيەلەر

روھىڭ پەرۋاز ئېتەر ........ 127
ۋاھ، دەرىخ! ........ 128
ئەلۋىدا غۇلام ........ 131
شەنىڭ قالدى ........ 132
مەرھۇم شائىرغا ........ 134
ئەلۋىدا جارى ........ 135
ئەل ئوغلانى ........ 136

# نوروزنامه

此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

# تەڭرىتاغ

تەڭرىتاغ دەپ قەدىمدىن يۈكسەك قامىتىڭ،
ئېتىكىڭدە، باغرىڭدا كۆپ كارامىتىڭ.
تايانچىم سەن قۇۋانچىم، ئاتا ماكانىم،
خۇشال ئەيلەپ يۇرتۇمنى كەلگەي ئامىتىڭ.

جاھان ئارا يېگانە خىسلەتلىك نامىڭ،
قۇت بېغىشلاپ قوۋمىڭگە رىزقۇ ئىنئامىڭ.
ئوڭدا يارىش يازىقى، سولۇڭدا تارىم،
ھايات قاينار قوينۇڭدا بولسا ئەييامىڭ.

1988 - يىل

# ھېيتلىق

ئەسسالام! قۇت تەڭرىتاغ — ئاتا ماكانىم،
ئوڭدا جۇڭغار، سولۇڭدا تەكلىماكانىم؛
ئىلى، تارىم دۇردانەڭ، باغرىڭ چىمەنلىك،
سەندە ئەركىم ھەم بەختىم، ھاياتلىق كانىم.

بۈگۈن بايرام قوينۇڭدا ھايات قايىنىغاي،
كۆيچى بۇلبۇل شەنىڭگە مۇقام سايرىغاي؛
رەققاس ئوغۇل ـ قىزلىرىڭ شادىيان ئويناپ،
كۈلۈپ چولپان، كۈلۈپ ئاي، كۆڭۈل يايرىغاي.

تۇغرۇل بولۇپ بىلگىلەر ئالەمنى كەزگەي،
تىلسىماتلىق تۈگۈننى ئىلىمدە يەزگەي؛
كەتمەن تۇتقان قوللارغا ھۈنەر باش ئېگىپ،
بارچە ئويناپ ساماغا كۆڭلىدىن كۈلگەي.

1989 ـ يىل

# ئەسسالام قۇتلۇق ئايەم

كەلدى نورۇز توققۇز پانۇس زىياسى بىرلە،
قارا قىشنىڭ توققۇز چىللە جۇداسى بىرلە.
جۇلا دېدۇق بۇ مەنزەرنى نورۇز ئالدىدا،
قىش سەللىسى چۇۋۇلماقتا كۇلاسى بىرلە.
بولۇپ نورۇز يىل بېشىغا ئوغۇز كەبى خان،
يېشىللىقنى باشلاپ تۇزگە چەشناسى بىرلە.
تا قەدىمدىن تۇزۇنىدۇر توققۇز ئۇيغۇرنىڭ،
توققۇز ناغرا، سۇناي ـ بۇرغا ساداسى بىرلە.
كەڭرى سورۇن تۇزۇپ بارچە چۇشۇر قۇيۇندەك،
توققۇز قاتار شادىيانە ساماسى بىرلە.
توققۇز «س»لىق، توققۇز «ق»لىق مەززەلەر تىزىپ،
توققۇز قوشنا ئەلنى كۇتەر غىزاسى بىرلە.
كۆكتە پەرۋاز ئەيلەپ توغرۇل كۆزلەپ يىراقنى،
باھار قىزى كۇتەر گۇلنى شەيداسى بىرلە.

1990 ـ يىل، مارت

# بالدۇرقىغا ئوخشىماس

گۈل باھارىنىڭ چېھرىسى بالدۇرقىغا ئوخشىماس،
مۇچىلى، سەيىارىسى بالدۇرقىغا ئوخشىماس.
ئاي يۈزىدە چولپاندەك گۈلنىڭ كۆزى چاقنىغاچ،
يەر يۈزىدە جىلۋىسى بالدۇرقىغا ئوخشىماس.
گۈلگۈن بويى بويىدىن ئېپار شۇنچە قىزغا نۇر،
دىماغىنىڭ سەزگۈسى بالدۇرقىغا ئوخشىماس.
ئۇۋانتقۇزۇپ قۇندۇزنى سۇمبۇل چاچى يەلپۈنۇر،
چاچ بېغىنىڭ تۇرگۇسى بالدۇرقىغا ئوخشىماس.
يا قېشىنى ئوينىتىپ، كىرپىكىدىن ئوق ئۈزۈر،
كۆزگە تارتقان سۈرمىسى بالدۇرقىغا ئوخشىماس.
بىر كۆزۈم مەڭزىگە بەند، يەنە كۆزۈم كۆكسىدە،
تۇرقىغا ماس ئالمىسى بالدۇرقىغا ئوخشىماس.
لېۋى شېرىن، تىلى قەنت، بۇلبۇل خىجىل سۆخەندە،
ساھىب سۆخەن شېۋىسى بالدۇرقىغا ئوخشىماس.
تۇتسام كاسە تەشنا دەپ، سۇندى گۈل سوۋغام بۇ دەپ،
سەنەمنىڭ گۈل دەستىسى بالدۇرقىغا ئوخشىماس.
قىلىپ مۇشتاق ھەسسىلەپ، چالدى مۇقام تەزىنى،
گۈلۈمنىڭ كۈي ـ بەستىسى بالدۇرقىغا ئوخشىماس.
ۋىسال ئىشقى چېغىدۇر دېسەم، دېدى سەۋرە قىل،
سەۋرە دېبان كۆلكىسى بالدۇرقىغا ئوخشىماس.

ئانت ئىچكۈزۈر ھەر كېلىپ، تۈتما يار دەپ ئۆزگىنى،
ئۆزگىنىڭ سەن ئۆزگىسى بالدۇرقىغا ئوخشىماس.
خۇش كۆرەرمەن جامالىن دېسەم جانان كۆزگۈدە،
جاھانىنەما كۆزگۈسى بالدۇرقىغا ئوخشىماس.
قاندۇرماي باغرىمنى گۈل، ئىشقىدىن ئەرز ئەيلىسەم،
خەلقىئالەم يارغۇسى بالدۇرقىغا ئوخشىماس.
بۈگۈن دەۋران ئوخشىماس، ئەتە مىزان ئوخشىماس،
باھارنىڭ ياندۇرقىسى بالدۇرقىغا ئوخشىماس.

1992 ـ يىل، يانۋار

# بۇ يىل نورۇز ئۆزگىچە

كەلدى نورۇز ئۈكەك بويلاپ خاسىيىتى ئۆزگىچە،
مۆچەلى ئىت يىلىدۇر، ھەي، ماھىيىتى ئۆزگىچە.

ئۆتۈپ دەلۋە چىقتى ئوغلاق يەر يۈزىگە كۆز يورۇپ،
دەيدۇ: «ھۆت — كەتمەن سېپىنى تۇت» غايىتى ئۆزگىچە.

«ھەمەل كىردى — ئەمەل كىردى» دەيدۇ دېھقان بىلگىمىز،
ئېقىپ شۇرمەل بېلىق ئوينار، ناھايىتى ئۆزگىچە.

ئىت يىلىدا مېۋە ئوخشار دەپتۇ ئەجداد ئۆگىمىز،
ھاۋارايى بولۇر ئىسسىق، ئىمنايىتى ئۆزگىچە.

تاپقۇسى پۇقرا سائادەت، بولسا يەنە ئادالەت،
بۇ مۆچەل خاس خالايىققا كەيپىياتى ئۆزگىچە.

ياشىق ئاچقاچ چىرايىنى قايتا كۆكلەر تەبىئەت،
ئەزىز يۇرتۇم كۆلەر، گۈللەر، رىئايىتى ئۆزگىچە.

1993 ـ يىل



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com